1994 ـ يېتىمنى تەربىيلەش

سۇئال

بىر كىشى ئىككى بالىسى بىلەن يولدىشىدىن تۇل قالغان بىر ئايال بىلەن توي قىلدى، ئۇ بالىلارغا نىسبەتەن بۇ كىشى ئۆتەشكە تېگىشلىك قانداق مەسئۇلىيەتلەر بار؟، بالىلارنى نامازغا بۇيرۇش ياكى مەجبۇرلاش ھەققى بارمۇ؟، ئۇ بالىلارمۇ بۇ كىشىنى دادا دەپ چاقىرسا بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

شۇنداق، ئۇ كىشىنىڭ بالىلارنى نامازغا بۇيرۇش ھەققى بار. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «پەرزەنت يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇنى نامازغا بۇيرۇڭلار....». [بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇ داۋۇت ھەدىس كىتابىنىڭ: بالىلار نەچچە ياشقا كىرگەندە نامازغا بۇيرۇلىدۇ؟ دېگەن بۆلۈمدە كەلتۈرگەن].

ئەھلى-ئىلىملار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "ئوغۇل بالا ئون ياشقا يەتكەندە، تاھارەت ئېلىش ۋە ناماز ئوقۇشقا سەل قارىسا، نەسىھەت قىلىش، ئەجابىي ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، بالىدا نامازنى ياخشى كۆرۈش ئىستىكىنى يېتىلدۈرۈش، بۇلار مەنپەئەت بەرمىگەندە ئاگاھلاندۇرۇش، قاتتىق گەپ قىلىش، قورقۇتۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق ئەدەپلەش.

ئائىلە باشلىقلىرى پەرزەنتلەر يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئۇلارغا تاھارەت ۋە نامازنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىشى ۋە ئۇنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇشى لازىم. ئون ياشقا كىرگەندە بۇنى ئادا قىلىشقا سەل قارىسا ئۇلارنى ئەدەپلەش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «پەرزەنت يەتتە ياشقا كىرگەندە، نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇمىسا ئەدەپلەڭلار.» [تىرمىزىي رىۋايىتى ۋە ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىس].

يەنە بىر رىۋايەتتە: «پەرزەنت يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇمىسا ئەدەپلەڭلار.قىز-ئوغۇللارنىڭ ئۇخلايدىغان ئورنىنى ئايرىڭلار» دېگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلار بالاغەتكە يەتكەندە نامازنى تەرك قىلماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندىن باشلاپ، نامازغا ئادەتلەندۈرۈش، ئۆگىتىش، كۆندۈرۈش كېرەك ۋە بۇ جەرياندا سۇسلۇق ياكى تەرك قىلسا، مۇۋاپىق ھالەتتە ئەدەپلەش كېرەك. ئۇلارنى تەربىيلەش ۋە ئەدەپلەش مەسىلىسىدە قىز-ئوغۇللار ئوخشاشتۇر. [ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھنىڭ ئەلمۇغنى ناملىق ئەسىرى " نامازنىڭ سۈپەتلىرى" دېگەن بۆلۈمدىن ئېلىندى].

بەزى كىشىلەر يېتىم باللارنى ئەدەپلەشتە بىرئاز سىقىلىش ھېس قىلىدۇ، لېكىن ئىشنىڭ توغرىسى، يېتىمنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغۇچى (بېشىنى سىلىغۇچى) ئۇنىڭغا مەنپەئەتلىك ۋە پايدىلىق بولغان ئىشلارغا بۇيرۇش، بەزى ۋاقىتتا ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدىسى ئۈچۈن قوپال-قاتتىق ئۇسۇللارنى قوللانسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھ بولمايدۇ.

شائىر ئېيتقاندەك: (شىئىرنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى) قوپاللىق يامان ئىشلاردىن چەكلەيدۇ، كەسكىن-ئىرادىلىك كىشىلەر بەزى ۋاقىتتا ئۆزى كۆيۈنىدىغانلارغا قوپاللىق قىلسا، بۇنىڭ پايدىسى بولىدۇ. [دەررۇل مۇختار دېگەن كىتابنىڭ، "ئەدەپلەش" ناملىق بۆلۈمىگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن].

يېتىم بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بىشىنى سىلاۋاتقان-ئىشلىرىغا ئىگە بولىۋاتقان كىشىنى دادا دەپ چاقىرىشى توغرىسىدىكى مەسىلىنى، 1041-نومۇرلۇق سوئالدا ئۇنىڭ جاۋابى ئىلگىرى بايان قىلىنغان. توغرىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.